

چۈشەندۈرۈشى :سادىر پالۋان





چۈشەندۈرۈشى :سادىر پالۋاننىڭ قەبرىسى





چۈشەندۈرۈشى :1851-يىلى سادىر پالۋان قوشۇنى غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندە بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدا
چۈشكەن سۈرەت(ئەسلى نوسخىسى بۇخارا مۇسۇلمانلار كۆرگەزمىسىدە ساقلانماقتا)




چۈشەندۈرۈشى :1862-يىلىدىكى چىڭ خاندانلىقى كۈرە جاڭجۈن چېرىكلىرى





راۋقىنىڭ ۋەيران بولۇش چۈشەندۈرۈشى :1762-يىلى قۇرۇلغان قەدىمى كۈرەدىكى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ قوڭغۇراق ئالدىدىكى سۈرىتى





چۈشەندۈرۈشى :سادىر پالۋاننىڭ شۇ چاغدىكى نەۋرىلىرى، 1975ـيىلى تارتىلغان.(ئوڭدىن تۇرسۇن،ھاشىر،گۈلسارىخان،خەيرىنساخان)

چۈشەندۈرۈشى :سادىر پالۋاننىڭ ئوغلى ئىگەمقۇلنىڭ ئوغلى ھەسەننىڭ ئوغلى قۇربانجان( ئەينى چاغدا سادىر پالۋاننىڭ ياش ۋاقتىغا ئوخشايدۇ، دەپ تەرىپلەنگەن 15ياشلىق بالا)گەرچە سادىر پالۋاننىڭ تېخى ھايات ئەۋلادلىرىنى ئىزدەش نىيىتىم بولسىمۇ ئەمما ۋاقىت قىس بولغاچقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت




چىقىرالمىدىم. قەبرىگە قارايدىغان كىشىنىڭ ئېيتىشىچە پالۋاننىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى قالمىغانمىش.مەن

سادىر پالۋان ئەۋلادلىرىنىڭ تېخى تۈگەپ كەتمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن.




چۈشەندۈرۈشى: 1756-يىللىرى ئىلىدا ئىشلەنگەن دۇنيا خەرىتىسى




مۇھەممەدجان ئابدۇللا

سادىر دەپ ئېتىم يامان،

ئون بەش ياشتا ئاتالغان.

دەسلەپكى تۆتۆلغاندا،

قۇمۇل خانغا پالانغان.

ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇغان بۇ قوشاق ھېلىمەم مەھكەم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.ھازىرقى ئەدەبىيات دەرسلىكىدە سادىر پالۋان ھەققىدىكى مەزمۇنلار يەنە بارمۇ يوق بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما سادىر پالۋان دىگەن بۇ ئىسىمنىڭ خەلقىمىزگە تونۇشلۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

سادىر پالۋاننىڭ قەبرىسى غۇلجا ناھىيە موللىتوختىيۈز يېزىسى بارات مەھەللىسىدە بولۇپ، بۇ قېتىم ئىلى ئوبلاستىغا بارغاندا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.غۇلجا شەھىرى خەلق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا غۇلجا ناھىيىسىگە بارىدىغان تاكسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، قاتناش ناھايىتى ئەپلىك.

سادىر پالۋان 1798-يىلى غۇلجا ناھىيە موللىتوختىيۈز يېزىسىدا بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.باللىق چاغلىرىدىكى جاپالىق تۇرمۇش، نامرات ئائىلىنىڭ ئېغىر سۇرگۈزەشتىلىرى سادىرنى روھسىز، جانسىز ئەمەس بەلكى باتۇر، چىداملىق، شوخ ،جەسۇر بىر ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئەينى چاغلاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىبدات تۈزۈمى، تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقلار تۈپەيلى،خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى.بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سادىردىمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىدىيە شەكىللەندى.ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقنى ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە شۇنداقلا ئاشكارە قارشىلىشىشقا باشلىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سادىرنىڭ باتۇر، قورقماس بىر باشلامچى ئىكەنلىكى ھۆكۈمەتكە بېسىم ئېلىپ كەلدى.

شۇ يىللىرى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈرەدە تۇرۇشلۇق گېنىرالى مىڭرۇي «خەلقنى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى » دىگەن باھانە بىلەن سادىرنى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. سادىر تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ماكان ئېتىپ،ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنى توپلاپ قوشۇن قۇردى.بۇنىڭ بىلەن چىڭ خاندانلىقى ئىلىغا ئەۋەتكەن 8گازارمىنىڭ بىرى سادىر باشچىلىقىدىكى بۇقوشۇننى باستۇرۇشقا مەسئۇل

بولدى.سادىر ئۆز قوشۇننى كۈندىن-كۈنگە زورايتىش ئۈچۈن ئاقسۇ،قەشقەر،يەكەن، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئىلى يېزىلىرىدىكى ئېزىلگەن دېھقانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى.قۇدرىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ، چىڭ هۆكۈمىتىگە قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ئۇ چىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئەسىرگە ئېلىنىپ،بۇرنىغا تۆمۈر شولۇك ئۆتكۈزۈلدى.ئۇنىڭ چېكىسىگە قىزىتىلغان تۆمۈر تامغا بېسىلدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بارمىقى بىلەن ئېسىپ قويۇلۇپ، بارمىقى ئۈزۈۋېتىلدى. ئەمما ئۇ قىلچە تېز پۈكمىدى. كېيىن زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى. 15يېشىدىن باشلاپ چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان سادىر پالۋان كېيىنكى 35يىلدا 13قېتىم زىندانغا تاشلىنىپ سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ شۇنداق ئېغىر زۇلۇم-زۇلمەت ئاستىدا خەلقنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشكەن سەركەردە بولۇپ يېتىشىپ چىققاندىن سىرت يەنە دۇشمەنگە هازىر جاۋاپ ناخشىچى، خەلق قوشاقچىسى بولۇپ يېتىلدى.ئۇنىڭ ‹‹هاشار ناخشىسى›› ‹‹مودەنخان›› ‹‹سىپىل ناخشىسى›› ‹‹زىندان ناخشىسى›› قاتارلىق 27ناخشا، 500دىن ئارتۇق قوشىقى ئەنە شۇ زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېزىلگەن 3000دىن ئارتۇق دېھقاننى يېتەكلەپ، چىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان.1861-1862-يىللىرى بۇ قوشۇن چىلپەڭزىنى ئىگەللىگەن.1863-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گېنېرالى مىڭرۇينىڭ ئوق-دورا ئامبىرى ۋە بايانداي قەلئەسىگە ئۈچ قېتىم هۇجۇم قىلغان. 1864-يىلى كۈزدە ئىلى مىقياسىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى سۇلتان هاكىمىيىتى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا ئەلى بۆكە سۇلتان بولغان. سادىر پالۋان مولللاتوختىيۇز يېزىسىگە قايتىپ كىلىپ ئەللىك بېشى بولغان.1871-يىلى 8-ئايدا ئۆيىدە تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ، 73يېشىدا ۋاپات بولغان.

سادىر پالۋان 15يېشىدىن تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ۋەتەن، خەلق يولىدا پىداكارانە جەڭ قىلدى. ئۇ خەلقىمىز تەرىپىدىن يادلىنىپ كىلىۋاتقان هەققى خەلق سەركەردىسى،خەلق پالۋانى،خەلق قوشاقچىسى، ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.